# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ 11 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتتى ھەم بىر قاتار مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، لائوس پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي مۇقىملىقنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ساقلىدى. بىز بۇنىڭدىن چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشال بولدۇق.

لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ 11 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى لائوس پارتىيەسى ۋە دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىرگەندە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا لائوسنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشقا چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي چوقۇم لائوسنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى يېڭى مۇھىم يېتەكچى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن لائوسنىڭ ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، لائوس تەرەپ بىلەن بىرلىكتە «ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش، ئىناق قوشنىدارچىلىق ـ دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىش» فاڭجېنى ۋە «ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى ھەمراھ» روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ لائوس ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك يۆنىلىش. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشتا كۆپ تەرەپتىكى ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، تەرەققىيات داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تەرەققىيات سۈپىتىدە مەركەزلىك گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. پەقەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات سۈپىتى مەسىلىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغاندا، ئاندىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

قانداق قىلغاندا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۈچ تەرەپتىن چوڭقۇر شەرھلىدى. بىرىنچى، تۈپ ئاساسىي مەقسەتتىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش كېرەك. خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە ئەڭ زور ئىشەنچى. خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ھەم پارتىيەمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى، ھەم يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ «يىلتىزى» ۋە «روھى». خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا بولغان تەرەققىيات قارىشى، زامانىۋىلىشىش قارىشىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلە. ئېھتىياج بىلەن ئىمكانىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، رايون پەرقى، شەھەر، يېزا پەرقى، كىرىم پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، مەسىلە يۆنىلىشىدىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى تەلەپكە ئاساسەن، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تېخىمۇ دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا ئەمەلىي قىلىپ، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، كۈلپەت ئېڭىدىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش كېرەك. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ چوڭقۇر تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، جەزمەن كۈلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك. سىياسىي بىخەتەرلىك، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەم كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

«بىلىش قانچە ئېنىق بولسا، ھەرىكەت شۇنچە پۇختا بولىدۇ.» يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىشىنى، ماس بولۇشنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلىنىشىنى، يېشىل بولۇشنىڭ ئومۇمىي ھالەتكە ئايلىنىشىنى، ئوچۇق بولۇشنىڭ مۇقەررەر يولغا ئايلىنىشىنى، ھەمبەھرە بولۇشنىڭ تۈپ مەقسەتكە ئايلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلەتسەك، بىز چوقۇم «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى

# سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ۋە يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۇڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ۋە يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ۋە يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ۋە يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ۋە يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنى توغرا ئىگىلەپ، بىرمۇبىر تۈزىتىپ، بىرمۇبىر ھېساباتىنى ئۆچۈرۈپ، بىرمۇبىر ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىپ، سۇ ئامبىرى ھادىسىسى سەۋەبىدىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يېتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاپ بېكىتىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەر ساقلانغان سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ سۇ ئامبارلىرىنىڭ توسمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش ۋە يامغۇر، سۇ ئەھۋالىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش ـ پۇختىلاش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئامبارلىرىنىڭ يۈرۈشۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش، ئاسراش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، سۇ ئامبارلىرىنى رېمونت قىلىش، ئاسراشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ دائىملاشقان سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ يۈرۈشۈشنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈلگە پۈكۈپ، چىڭ تۇتۇپ، زىممىگە ئېلىپ، ھەردەرىجىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

---

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى كوللېكتىپ تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى (تۈزىتىلمە لايىھە)» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى كوللېكتىپ تەتقىق قىلىپ ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجۈن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسى» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىسى، يېڭى تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى 2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بۇ ئىككى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى باشلىغان.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا يۇقىرىقى ئىككى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى قاراپ چىقىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، بۇ قېتىمقى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى كېرەك.

---

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى
3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

# 609 پارچە تەكلىپنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بېجىرىشكە تاپشۇرغان 609 پارچە تەكلىپنىڭ ھەممىسى بېجىرىلدى ۋە جاۋاب قايتۇرۇلدى.

609 پارچە تەكلىپنىڭ مەزمۇنىدا دىققەت مەركىزىي خىزمەتكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىپ غەلىبە قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەر نۇقتىلىق چۆرىدىلىپ پىكىر ـ تەكلىپ بېرىلدى. 609 پارچە تەكلىپتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكىلەر 339 پارچە بولۇپ، 55.67%نى ئىگىلىدى؛ خەلق تۇرمۇشى، جەمئىيەت ئىشلىرى تۈرىدىكىلەر 185 پارچە بولۇپ، 30.38%نى ئىگىلىدى؛ سىياسەت، نىزام تۈرىدىكىلەر 85 پارچە بولۇپ، 13.96%نى ئىگىلىدى. تەكلىپتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيەلەردىن ھەل قىلىنغىنى ياكى قوبۇل قىلىنغىنى 190 پارچە (A تۈر) بولۇپ، 31.2%نى ئىگىلىدى؛ ئالغا سىلجىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ تەدرىجىي ھەل قىلىنىۋاتقىنى 345 پارچە (B تۈر) بولۇپ، 56.65%نى ئىگىلىدى؛ كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەردە تەتقىق قىلىنىدىغىنى 74 پارچە (C تۈر) بولۇپ، 12.15%نى ئىگىلىدى. ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بېجىرگۈچى ئورۇنلار قوبۇل قىلغان A تۈردىكى، B تۈردىكى تەكلىپلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.4 پىرسەنت پونكىت ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەزالارنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە كاپالەتلەندۈردى. ھەرقايسى بېجىرگۈچى ئورۇنلار مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەربىر تەكلىپتە بېجىرىش تەدبىرى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈنۈمىدىن تارتىپ يازما جاۋاب قايتۇرۇشقىچە، مەخسۇس تەتقىق قىلىش، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئادەمگە بېجىرىشكە تاپشۇرۇشقىچە، 609 پارچە تەكلىپتە ھەربىر تەكلىپنى بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش، قاتلاممۇقاتلام تۇتىدىغان ئادەم بولۇش، ھەر بىرى ئەمەلىيلەشكەن بولۇش، ھەممە ئىشقا جاۋاب قايتۇرغان بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ بېجىرىشكە تاپشۇرغان ئالتە نۇقتىلىق تەكلىپنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە تارمىقى باشلامچى بولۇپ، بەش ئورۇن بىلەن بىرلىكتە بېجىردى. نۆۋەتتە ئالتە نۇقتىلىق تەكلىپنى بېجىرگۈچى ئورۇنلار قوبۇل قىلدى ھەم تەدرىجىي ھەل قىلىشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى لى شۆەن سۇنغان «ئىككى تور قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ»كە ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، ئورمان ـ ئوتلاق، بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ماسلىشىش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىش، سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، سۈپەتلىك ماركىلارنى قوغداش سالمىقىنى كۈچەيتىش، رايون ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن نۇقتىلىق جاۋاب قايتۇردى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىقىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى تۈرىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ «14 ـ بەش يىل»دىكى ئالاقىدار يېرىك پىلانىغا كىرگۈزۈشنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، باغ ـ ئورمانچىلىق بازىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈپ، رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، بازارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرماقتا.